# بىزدىكى قەھرىمانلىق تۇيغۇسى ۋە مۇكەممەللىكچىلىك تۇغرىسىدا

ماتېرىيال مەنبەسى: مەرىپەت تورى

ماتېرىيال رەتلىگۈچى: پەنگىيار

ئېلكىتاب تارقاتقۇچى: ئىلقۇت بلوگى

ئىشەنچىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ

پىششىپ يېتىلىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى كىشىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۇرغۇزۇلىشىدۇر. يېقىنقى كۈنلەردە بىزدىكى قەھرىمانلىق تۇيغۇسى ۋە بىزگە قانداق قەھرىمانلار كېرەك يەنە بىزدىكى مۇكەممەللىكچىلىك پىسخىكىسىنىڭ كىشىلەرگە بولغان زىيىنى دېگەن تېمىلار توغرىسىدا تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. بىزنىڭ پىسخىكىمىزدا زادى قانداق كىشىلەر قەھرىمان دەپ قارىلىدۇ، ئەنە شۇنداق قەھرىمانلارنىڭ بىزگە قانچىلىك پايدىسى تېگىدۇ ياكى زىيىنى تېگىدۇ؟ بۇ خىلدىكى قەھرىمانلىق تۇيغۇسىنىڭ ياشلارنىڭ غايە تىكلەش، جەمئىيەتكە ماسلىشىش جەريانىدا ئۇلارغا بولغان تەسىرى ۋە كەلتۈرگەن ئاۋارىچىلىقلىرى قايسىلار؟

راست گەپنى قىلسام بىزدە قەھرىمان بولماق ناھايىتى تەس، بىزنىڭ ئارىمىزدا قەھرىمان چىقىشى ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ھېچكىم قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالىشى، خەلقى ئالەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرالىشى، ئۇيغۇر تۇرۇپ چەت ئەللەردە ھېچبولمىغاندا ئىچكىرىلەردە ئىشلىيەلىشى، تۇرلۇك نام-ئاتاقلارغا مەسلەن نوبېل مۇكاپاتى دېگەندەك، ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقىمىكىن ھازىر ئۇيغۇرلاردىن زادى كىمگە قول قويىسەن؟ ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن چىققان سەن چىن كۆڭلۈڭدىن قايىل بولغان كىم بار دەپ سورىسا نەچچىنى دەپ بېرەلمەيدۇ، ھازىر بۇ تېخىمۇ تەسلىشىۋاتىدۇ، نېمىشقا دېسەڭلار چەت ئەلگە چىقىشمۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىۋاتىدۇ.. يەنە 10 يىلدىن كېيىن مېنىڭچە چەت ئەلدە ئىشلەپتۇ دېسە ھەممەيلەن ۋاي ئادەتتىكى ئىشقۇ دەيدۇ دە ئېرەن

قىلمايدىغان بولىدۇ... ئۇ چاغدا بەلكىم ئاي شارىغا چىقساق بولامدىكىن تاڭ...

ئەمدى مەندىن سورىسىڭىز "نېمشقا ئۇيغۇرلاردىن قەھرىمان چىقىشنى شۇنچە خالاپ قالدىڭىز؟" دېسىڭىز، مېنىڭ جاۋابىم شۇكى بىز بىر خىل قەھرىمانغا چوقۇنىدىغان مىللەت. مىللىتىمىز قەلبىدىكى قەھرىمانلار ئوبرازى بىزنىڭ ئىدىيىمىزگە، بالا تەربىيلەش ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ غايە تىكلەش ئىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بىز چوقۇم كېمىدا كىمنىڭ ھەقىقىي قەھرىمان ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. مەسلەن، مىسال ئۈچۈن ئېيتقاندا ئالىم شۆھرەت مۇتەللىپ، ئەركىن سىدىقلار ھازىرقى مىللىتىمىزنىڭ ئومومىي ئېتراپ قىلىدىغان (مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئالىملاردۇر. ئۇلار ھامان ئازدۇر-كۆپتۇر ياشلارنىڭ ئىدىيىسگە چەت ئەلگە چىقىش قىزغىنلىقىنى سىڭدۈرىدۇ. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش بارلىق ياشلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسگە، قىممەت ئۆلچىمگە ئايلىنىدۇ. مەن ھازىر بۇنى ناچار ئىش دەپ چۈشەندۈرمەكچى ئەمەسمەن، بىراق شۇنى ئويلاپ باقايلى، بىرىنچىدىن: ئۆزىنىڭ ئاددىي خىزمەت ئورنىدا سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ، ئاتا-ئانا يۇرتداشلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقانلار كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى كىشلەر سانىلىدۇ، سەل قارىلىدۇ، نەتىجىدە ۋاپاسىز پەرزەنتلەر كۆپىيىدۇ. ئىككىنچىدىن، نۇرغۇن كىشلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىنلا ۋاز كېچىشى كېرەك بولمىغان خىزمەت ئورنىدىن، غايىسىدىن ۋاز كېچىپ قارغۇلارچە چەتكە چىقىش قىزغىنلىقى بىلەن ئۆز ئورنىدا خاتىرجەم خىزمەت قىلىدىغانلار ئازىيىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھېچقانداق چەت ئەلگە چىقىش ئىقتىدارى بولمىغان كىشلەرمۇ چەت ئەلنى جەننەت ھېسابلاپ، توغرا بولمىغان چەت ئەلگە چىقىش يوللىرىنى تاللاپ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدۇ. كىم بۇ سەلبىي تەسىرلەرنى تەھلىل قىلىپ باقتى؟ بىزدە يەنە نۇرغۇنلىغان توغرا بولمىغان قەھرىمانلارلار مەۋجۇت، ئۇلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ قىممەت قارىشىغا بولغان تەسىرى ھەم مەلۇم پايدىسى ھەم مەلۇم زىيىنىمۇ بار.

مۇكەممەللىزىم دېگەن ئىككىنجى تېما. بۇ سۆزنى ئۆزەم ياسىغان. مەن ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ كۆز قارىشىدىكى مۇكەممەللىزىم ئىدىيىسىنىڭ پۈتۈن مىللەتكە كەلتۈرىۋاتقان غايەت زور زىيىنىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

مۇكەممەللىزىم ھەر قانداق ئىشتا يۈزدە يۈز پىرسەنت مۇكەممەل بولۇشنى قوغلىشىش بولۇپ، بۇ لايىغەزەللىك قولىنىڭ ئۈچىدا ئىش قىلىشنىڭ قارمۇ-قارشى نۇقتىسى، ئۇنىڭدا تىرىشچانلىقنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىدۇ. ئۆزىنى يېتىش مەڭگۈ مۇمكىن بولمىغان نۇقتىغا قاراپ قىستاش مەلۇم دەرىجىدە مۇنەۋۋەر تۇيغۇ بەرسىمۇ، كىشىگە مەڭگۈ

قانائەت قىلمايدىغان ئالغا ئىلگىرلەش روھىدەك ھېس قىلدۇرىسمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تامامەن ئىككى نەرسە.

مېنىڭچە مۇكەممەللىزىم كىشىلەرگە ئىنتايىن زىيانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيىتىمىزگە كەلتۈرگەن زىيىنى زەھەرلىك چېكىملىكتىن ئېشىپ كېتىدۇ. مەن يازغۇچى شائىرلارنىڭ دەرھال قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ، توغرا بولمىغان قەھرىمانلارنى قوغلىشىش ۋە مۇكەممەللىزىمنى سۆكۈش توغرىلىق ئەسەر يېزىپ كىشىلەرنى داۋالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ گېپىمنى دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكىدەك ئىسپاتلايمەن.

مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئۆگىنىشى ناھايىتى ياخشى ساۋاقداشلىرىم بار ئىدى. ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە بارىدىغان ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچىسى مىللىتىمىز ئىچىدىن تاللانغان، ئۆگىنىشتە ئەڭ مۇنەۋۋەرلەر ئوقۇغۇچىلار، بىراق 6 يىللىق ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ھاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى، غايىسىنى تاشلىماي قايتىپ چىقالىغانلار ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگىلەيدۇ. مېنىڭ بىر يېقىن دوستۇم بار ئىدى، ھازىر ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە ھەقىقەتەن خېلى بىگىسى بار ئىكەنتۇق. ئۇنى بىر تالانت ئىگىسى دېيىشكە بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ بىردىنبىر كەمچىلىكى مۇكەممەللىزىم پىسخىكىسى بەك ئېغىر ئىدى. ئۇ يا بولمىسا ھەممەيلەننى بېسىپ چۈشۈشنى يا بولمىسا ھېچنىمە قىلماسلىقنى خالايتتى. ئەگەر ياخشى كۆزەتسەك ئەتراپىمىزدا ھەقىقەتەن موشۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆپلىگىنى بايقايمىز. بۇنداق كىشلەر ئەگەر مۇۋاپىق مەدەت بېرىش، ئۈزلۈكسىز رىغبەتلەندۈرۈشكە ئېرىشىپ تۇرسا، پۈتۈن سىنىپنىڭ ئالدى ھەتتا پۈتۈن مەكتەپنىڭ ئالدى ئورنىنى قولدىن بەرمەي ئالقىشقا ئېرىشىپ تۇرسا، ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ تۇرغانلىقىنى، كېچە-كېچىلەپ ئۆگىنىش قىلىپ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بىراق ئۇ ئاغىنە ئالىي مەكتەپتە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. مەسىلە ئۇ ئۆزىگە باشقىلارنىڭ ئۆلچىمىدە باھا بېرىشكە ھەددىدىن ئارتۇق كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئىمتىھان مۇئارىپى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىن ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچىلىرى يوق، بىر سىنىپتا 150 ئوقۇغۇچى يەنە كېلىپ ئالىي مەكتەپتە چورتلا سىنىپ مەسئۇلى دەيدىغان نەرسە يوق، دەرس ئوقۇتقۇچىلارمۇ ھېچكىمنى تونۇمايتتى. روھىي ئۇزۇقتىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئاغىنەم بىرەر يىل تىرىشىپ بېقىپ نەتىجىسى 10مىڭ ھەتتا 100مىڭدىن بىر بولۇپ تاللىنىپ كەلگەن بۇ ساۋاقداشلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنەلمەي ئاخىرى بىراقلا

بولدى قىلىۋەتتى، دەرسكىمۇ چىقمايدىغان ياتاقتا كومپيۇتېر ئويناپلا ئولتۇرىدىغان بولدى. دېمەك ئۇنى گەرچە تۈگەشتى دېمىسەكمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يەرگە ئۆرۈلدى دېگەن گەپ. ئۇنىڭ قەددىنى رۇسلىشى يەنە شۇ ئاخىرى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن بولدى. دېمەك بىز ئوقۇغۇچىلارنى "قەھرىمانىي" ھېس-تۇيغۇلارغا شۇنچىلىك كۆندۈرىۋەتكەنكى ئۇلار بۇنىڭدىن ئايرىلسا ياشىيالماس بولۇپ قالغان.

ئىككىنجى ساۋاقدىشىم ناھايتى ئىجدىھاتچان بالا بولۇپ، ئۇ ئۆگىنىشنى چىداپ قىلدى. مەكتەپ پۈتتۈرگىچە شىنجاڭدىن كەلگەن ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا تۇردى. ھەممىمىز ئۇنىڭغا قايىل بولاتتۇق. بىراق ئەلۋەتتە خەنزۇ باللارغا يېتىشەلمەيتتى. ئىمتىھان نومۇرى جەھەتتە. مەنغۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىسەم پەرۋا قىلمايتتىم. بىلىم ئۆگەنگەندىكىن بولدىغۇ دەپلا ئويلايتتىم. چۈنكى ئۇ ئىمتىھان نەتىجىلىرىنىڭ كىشىنىڭ بىلىم ئۆگىنىش دەرىجىسىنى قانچىلىك توغرا كۆرستىپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار كېچىكىدىن ئىمتىھان بېرىپ چېنىققان، ئۇلارنىڭ ئىمتىھاننىڭ ئالدىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كېتىشلىرى، ئىمتىھاندىكى كۆز بويامچىلىقلىرىنى كۆرۈپ كۆلگۈم كېلەتتى. مەن ئىمتىھان نەتىجىسى ئارقىلىق ئۆزەمنى ئىسپاتلاشتىن چورتلا ۋاز كەچتىم. ھازىر ئويلاپ باقسام ئەينى چاغدا موشۇ خىيالىمنىڭ ماڭا قانچىلىك پايدا يەتكۈزگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، مەن پەقەت پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئۆزەم قىزىققان بىلىملەرنىلا ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ بىلىملەر خىزمەتكە چىققاندا ماڭا شۇنچىلىك ئەسقاتتى. بىراق نەتىجىلەر ئارخىپ خالتىسىدا قېپقالدى. بىراق ھېلىقى ئىجدىھاتچان ئاغىنىمىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ نومۇرى باشقىلارغا يېتەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنەتتى. ئەمىليەتتى ئۇنىڭ نومۇرى تامامەن لاياقەتلىك نومۇرلار بولۇپ، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيتتى. بىراق ئۇ شۇنداق ئۆزىنى قىينايدىغان خىيالنى تاشلىيالمىدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بولسا ھەممىمىزدىن ياخشى ئوقۇغان تۇرۇقلۇق ئاشۇ نەتىجىلەر تۈپەيلى ئۆزىنى ئالىي مەكتەپتە ھېچنىمە ئوقۇمىغانغا چىقىرىۋەتتى. ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەمچىللىگى تۈپەيلىدىن چوڭراق شىركەتلەرنىڭ يۈز تۇرانە ئىمتىھانىغىمۇ تۈزۈك قاتنىشالماي خىزمەت تاپالمىغىلى تاس قالدى. ئىشقىلىپ مېنىڭچە ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن بولسا بۇنىڭدىن نۇرغۇن ياخشى قىلالايتتى. دېمەكچى بولغىنىمنى توغرا ئىپادە قىلدىممۇ يوق ئۇقمايمەن. ئىشقىلىپ

بۇنداق يا بايرامدىن يا سايرامدىن دەيدىغان پىسخىكا بىزگە زىيىنى چوڭ بولۇۋاتىدۇ. كۆپىنچە كىشلەر يا ئەڭ ياخشى بولۇشنى بولمىسا ھېچنىمە بولماسلىقنى كۆزلەيدۇ. ئەمىلىيەتتە كۆپ سانلىق كىشلەر ھامان ئوتتۇرىدا قالغۇچىلاردۇر. ئوتتۇرىدا قالغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى تەشكىل قىلغۇچىلار. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ يوقۇلۇشى پۈتۈن مىللەتكە غايەت زور يوقىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قائىدە جەمئىيەتتىكى ھەممە ساھەلەرگە ئورتاق.

مۇكەممەللىزىم ۋە رىقابەت ئېڭىنىڭ قالايمىقان تەكىتلىنىشى ياشلارنىڭ يۈرىكىگە زەھەردەك سانجىلىۋاتىدۇ. بىزدە پەرزەنتلەرگە چوقۇم سىنىپنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈش، ئۆزى بىلەن نەتىجىسى تەڭ ئورۇندىكى ساۋاغداشلار بىلەن رىقابەتلىشىپ ئۆگىنىشتەك خاتا قاراش سىڭدۈرۈلۋاتىدۇ. نەتىجىدە قالايمىقان رىقابەت كوللېكتىۋىزىملىق روھنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، ئۇنىڭغا مۇكەممەللىزىم قوشۇلۇپ ساۋاغداشلار، خىزمەتداشلار ئۆزئارا كەمچىلىكلىرىنىلا كۆرۈشىدىغان، ئۆزئارا ئارتۇقچىلىقلىرىنى پەقەتلا مەدھىيلەشمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ، ئەزەلدىنلا تار بولغان جەمئىيەت تېخمۇ تارلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئۇزاق داۋاملاشسا خىزمەت ۋە ئۆگىنىشنىڭ پەقەت مەززىسى قالمايدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمەي چەت ئەلگە چىقىپلا قۇتۇلۇشنى ئويلاپ قالىدۇ. ھېچقانداق روھىي ئوزۇق ۋە ھەمكارلىق بولمايدۇ.

ئۆزەمنىڭ چەت ئەلدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى پەش قىلاي، ئازىراق سېلىشتۇرۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭلار. بۇ يەردە خىزمەتداشلار ئارىسىدا رىقابەت بولمايدۇ. رىقابەت بولمايدۇ ئەمەس، ئۇ شەكىلسىز بولىدۇ، تەبىئىي بولىدۇ، ئۇ سىز رىقابەتلەشمىسىڭىزمۇ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، بىراق تېخمۇ كۆپ بولىدىغىنى خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى كوللېكتىۋىزىملىق كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. خىزمەتداشلار بىر-بىرىنى ھېسسىيات جەھەتتە ئاۋال قوبۇل قىلىدۇ، گەرچە شەخسىي كۆز قارىشى جەھەتتە ئۇ كىشىنى قەتئىي ياقتۇرمىسىمۇ بىر-بىرىنى بىر كوللېكتىپ ئەزاسى دەپ چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلىدۇ، ياردىمىنى ئايىمايدۇ، بۇ خىل ھەمكارلىق ۋە كوللېكتىۋىزىملىق باشقا بىر رىقابەتچى كوللېكتىپقا يولۇققاندا تېخمۇ ئېنىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، ھەر بىر ئەزا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر-بىرىگە جان دوستلاردەك مۇئامىلە قىلىدۇ، پۈتۈن كۈچىنى چىقارمىغۇچىلار ياكى قارشى تەرەپكە دوستانە مۇئامىلىدە بولۇپ، ساتقۇنلۇق قىلغانلار قاتتىق ئېغىر ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ. ئادەتتە خىزمەت جەريانىدا خىزمەتداشلارنىڭ قولغا

كەلتۈرگەن كىچىككىنە نەتىجىلىرىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ، مەدھىيلەشنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، مانا مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە ھېچكىم ھېچكىمدىن "ئېشىپ كەتمىگەن" ياكى "بېسىپ چۈشمىگەن" ئاساستا چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىپ ئالغا باسىدۇ.

ھەر قانداق ئىش چەكتىن ئېشىپ كەتسە ئەكسىگە يانغىنىدەك، بىزدىكى مۇكەممەللىزىم ئىدىيىسى ئۇيغۇرلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قىزغىنلىقى بىلەن قوشۇلۇپ ئەكس تەسىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى، ھەتتا بۇ قىزغىنلىق شۇنچىلىك ئەسەبىي دەرىجىگە يەتتىكى بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېيىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك مىساللارنى كەلتۈرىمەن.

ئۇخلاپ ياتقان ئۇيغۇرلارنى ئويغىتىشتا ئەينى چاغدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئويغان دەپ تولۋلغاندا ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ياراشقان ئىدى. بىراق ھازىرقى كۈندە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشى ئويغىنىشنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنە چۈشەنمەيلا ئويغان دېدىم ئويغان دەپ توۋلاشقا چۈشتى. خەلق خۇددى ئاساۋ ئاتتەك چۆچۈپ ئويغىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆز دائىرىسىدە قىتراپ چېپىشقا، ئۇيان-بۇيان ئۇسۇشكە باشلىدى. ئۇيغۇرلار كەينىدە دەپ ماقالە يازسا پۈتۈن خەلق قوللىدى، ھەتتا باشتا ئۇيغۇرلار يانچۇقچى، پاشۋاز دېگەن ماقالىلەرنىڭمۇ خېلى بازىرى چىققان، لېكىن ھازىر ئۇنداقلار ئاستا-ئاستا بېسىقىپ قالدى. ھازىر ئۇيغۇرلار كەينىدە دەپ ماقالە يازىدىغانلارنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى پەن-تېخنىكىمىز كەينىدە. پۈتۈن خەلق تەبىئىي پەن بىلىملىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردۇق ھەم بېرىۋاتىمىز، مۇئارىپ "ئوقۇتۇش سۈپىتى"نى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرلاپ قىيىن قىستاققا ئالمىغانلا يېرى قالدى، ئۇندىن باشقىسىنى قىلدى، ھالبۇكى بۇ كىشىلەر شۇنى چۈشەنمىدىكى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ھامان بىر سانائەتنى تۈرتكىلىك كۈچ قىلغاندىلا ئاندىن يۇقۇرى ئۆرلىيەلەيدىغانلىقىنى ھېچكىم ئەسكە ئېلىشمىدى. بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز زاۋۇتنىڭ تايىنى يوق مۇھىتتا تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، ھەممىسى ئىنژىنىر بولۇشقا بەل باغلىدى. ئاخىرىدا ھەممەيلەن ئىشسىز قالدى. ئاز ساندىكى مۇرادىغا يېتىپ چەت ئەللەردە ئىنژىنىرلىق خىزمەتلىرىگە ئېرىشكەنلەر بولسا، ياۋروپادىكى مەيدىسىنى كېرىپ قويۇپ خاتىرجەم تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان كېلىشكەن يىگىتلەرنى، كوچىلىگە رېستوران خىزمەتچىسى بولۇشنى پۈكۈپ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەندە ھەيران قېلىشتى ياكى كۆرمەسكە سېلىشىپ

ئۆزىنىڭ "تىرىشىپ" قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى داڭلاشقا چۈشتى، ھالبۇكى ئۇلار ئۆزىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى قۇربان قىلغانلىقىنى، يۇرتىنى سېغىنىش ئوتىدا، ھىجران ئوتىدا كۆيۈۋاتقان يۈرەكلىرىنى ئۇنتۇپ ئۆزلىرىنى ماشىنا ئادەم چاغلاپ قېلىشتى ۋە تېخىمۇ كۆپ كىشىنى ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشقا چاقىردى. بۇ چاغدا يۇرتتىكىلەر بولسا ياۋروپانىڭ تازلىق ئىشچىسىمۇ تەبئىي پەننى يىرتىۋېتىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرىشەتتى. ھالبۇكى ئۇلار گېزىت-ژۇرناللاردىكى ئادەم ئالدايدىغان ئاجايىپ-غارايىباتلارنىڭ كىشىلەرگە قانچىلىك زىيان سېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشمەيدۇ.

ياۋروپا بىلەن شىنجاڭنىڭ پەرقى زادى قەيەردە؟ بۇ مەن ئىزچىل ئويلىنىۋاتقان بىر سوئال. ياۋروپادا 3000 ياۋرو يۇقىرى مۇئاش ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا 3000يۈەن ھازىر ئانچە يۇقىرى مۇئاش ھېسابلانمايدۇ. مېنىڭ شوپۇر ئاكاممۇ ئۇنىڭدىن كۆپ تاپىدۇ. ياۋروپادا 8 ياۋرو بىلەن سىرتتىن بىر ۋاق ئاددىي تاماق يېگىلى بولىدۇ. شىنجاڭدىمۇ 8 يۈەنگە ئادەتتىكى بىر ۋاق قوساقنى ئەستەرلىگىلى بولىدۇ. ياۋروپادىكى ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ كونا ھەتتا شىنجاڭدىكى ئاياللارغىمۇ يەتمەيدۇ. ھەرگىز كىنولاردىكىدەك ئەمەس. مېنىڭ ھازىر ھېس قىلىشىمچە ياۋروپا بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ پەرقى ياۋروپالىقلار ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆز خەلقىنى سۆيىدۇ. ئاغزىدىلا ئەمەس، ئۇلار ئۆز يۇرتىنى سۆيۈپ ياشايدۇ. تېجەشلىك بىلەن ھېچقانداق نەرسىنى بۇزۇپ چاچماي كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بىز بولساق يۇرتنى ئاغزىمىزدا سۆيۈپ، ئەمەلىيەتتە يۇرتتىن ئايرىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىمىز. كىنو تېلېۋىزورغا ئالدىنىپ تاپقان-تەرگىنىمىزنى بۇزۇپ چېچىپ ياشايمىز. مانا بۇ ھەقىقىي پەرق. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن پەرق.

كىشى كۆرەش قىلىپ ھارغاندا، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىز ھېرىپ-چارچاپ قوغلىشىۋاتقان نەرسىنىڭ پەقەت بىر خاتىرجەم تۇرمۇش ئىكەنلىكىنى، خاتىرجەملىكنى بۇزۇۋاتقان كىشىلەرنىڭمۇ دەل ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. ياشلارغا توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەيلى.

مۇكەممەلزىم پىسخىكىسىنىڭ تەسىرى ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ چىرىكلىك ۋە پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇشىنىڭ داۋاملىق تەكىتلىنىشى بىلەن ئىنتايىن قىزىق ھېچكىم دىققەت قىلمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. يەنى كۆپچىلىك تازا تىللاپ يۈرىدىغان چىقتى، ئەمەلدارلار بولسا بۇلغانغان كىملىكنى ساقلاپ قېلىشۋەردى، خۇددى كوچىدىكى *** مېنى بەربىر

ياخشى دېمەيدۇ دەپ قىلغىنىنى قىلغاندەك بولدى. يەنە بىر قىزىق ئىش شۇكى ئەمەلدار بولۇش تىلغا ئېلىنسا كىشىلەرنىڭ خىيالىغا ئالدى بىلەن پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىك كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆپچىلىك ئەمەلدار بولۇشقا قىزىقماسلا بولدى. نېمە دەيدىكىن دەپ قالماڭلار، ئەلۋەتتە بىر مەزگىللەردە ئەمەل-مەنسەپ دېسە دۈم چۈشىدىغان بولۇپ كەتكەن، بىراق ھازىرقى ياشلار چوڭ بولغاندىن كېيىن باشلىق بولمەن، سىياسىيون بولمەن دەيدىغانلار ئاز. ھازىر كېچىك بالىلاردىن چوڭ بولغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىز دەپ سورىسىڭىز چەت ئەلگە چىقىمەن دەيدىغانلار كۆپ. بۇ بىر خىل خەتەرلىك ئەھۋال. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىنى، كادىرلارنىڭ قارا قوساقلىقى توغرىسىدا ۋايسايمىزيۇ نېمىشقا مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار تىرىشىپ كادىر بولۇشقا، ياخشى كادىر بولۇشقا بەل باغلىمايمىز؟ كادىرلارنىڭ تىللاش ئارقىلىق تۈزىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ياغلىق قاپاق ناھايىتى ئوبدان ئىسپاتلاپ تۇرۇپتىغۇ!؟ چەت ئەللەردىكى ئېنژىنىر ئالىملاردىن بىزگە ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا چوڭ نەپ تەگمەيدۇ، ماڭا ئىشىنىڭلار. ئۇلار ئېرىشكەن نەتىجىلەرنى كۆرەلمىگەنلىكىم ئەمەس، سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانغىنىم، بىرنى بىر دېگىنىم. ئۇلار ئېرىشكەن مۇكاپاتلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىنى ئۇنچە يورۇق قىلىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى چەت ئەلدە ئۇنداق ئادەم سامانىدەك. ھېچكىم مىت قىلىپ قويمايدۇ. پەرزەتلەرنى تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسى قىلىش ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياخشى كۆن كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغانلىقتىن باشقا ئىش ئەمەس خالاس. بىزنىڭ ياشلىرىمىز چوقۇم كۆپلەپ باشقۇرۇش ئىلمى، مەبلەغ سېلىش ئىلمى قاتارلىق ئىجدىمائىي پەنلەرنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك، شۇنداق ئىختىساس ئىگىلىرى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى كېرەك. بولمىسا تېخنىكلار ئىشتىن سىرتقى يازغان ماقالىلىرى بىلەن مىللەتنى قۇتقۇزالمايدۇ. قىسقىسى مۇكەممەلىزىم ۋە كىشىلەر قەلبىدىكى قەھرىمان ئوبرازى قوشۇلۇپ ياشلارنى ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقماس قىلىپ قويىدۇ. نورمال تۇرمۇشنى تۇرمۇش ئەمەس دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدۇق. كېيىمدا بۇ مېنىڭ ھېس قىلغىنىم.

مۇكەممەلىزىم بىزنىڭ تارقىتىش ۋاستىلىرىدىكى خاتا ئىدىيىلەر بىلەن قوشۇلۇپ غايەت زور ئىسراپچىلىق ۋە بۇلغۇنۇشنى پەيدا قىلدى. مەسلەن ئېيتايلى، ئۇلار تىرىشىپ بېيىغانلىقتىن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، يېڭى تېلېۋىزور سېتىۋالدى، يېڭى ماشىنا ئالدى... دېگەندەك كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى يۇيىدىغان خەۋەرلەر قۇلاقىقا سىڭىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بېيىسىلا خۇددى چوقۇم يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشى كېرەكتەك، ئۆي جاھازلىرى،

تېلېۋىزور قاتارلىقلارنى بىرەر قۇر يېڭىلىمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ كەتتۇق، رەڭسىز تېلېۋىزوردىن رەڭلىككە، 17 دىيۇملۇقتىن 24 دىيۇملۇققا، ئادەتتىكى تېلېۋىزوردىن سىفىرلىق تېلېۋىزور ھەتتا سۇيۇق كىرىستاللىق نېپىز تېلېۋىزورلار بىزنىڭ چوقۇم بولمىسا بولمايدىغان ئىستىمال بۇيۇملىرىمىزغا ئايلاندى، ئەگەر يېڭىلانمىسا كونىلىق، زاماننىڭ كەينىدە قالغان دېدۇق. ئۆزىبېكلەر ئەسكى دېگەن سۆزنى كونا دېگەن مەنىدە ئىشلەتسە، بىز يامان دېگەن مەنىدە ئىشلەتتۇق. دېمەك شۇنىڭدىنلا بىزنىڭ كونا نەرسىلەرگە قانچىلىق بىر تەرەپلىمە قارايدىغانلىقىمىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى مۇكەممەللىزىم تۇيەيلى كىشىلەر تۇرمۇشىدا بۇ نەرسىلەر كام بولغان تۇرمۇشنى مۇكەممەل ئەمەس دەپ قارىغاچقا پۈتۈن ئۆمرىدىكى مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشتى. ئەمدى ئۆي جاھازلىرىنىڭ كونىلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ياۋروپالىقلارغا قاراپ باقايلى، ئىشلەتكىنىگە 100 يىلدىن ئاشقان ئۆي جاھازلىرىنى تەۋەررۈك دەپ بىلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىدۇ. باھاسى ھەتتا يېڭى ئۆي جاھازىسىدىن قىممەت بولىدۇ. ئۆيلىرىدە سۇيۇق كىرىستاللىق كەڭ ئېكران تېلېۋىزور تۇرماق 24 دىيۇملۇق تېلېۋىزورلارمۇ خەقنىڭ ئۆيىدە ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ. سۈرئىتى ئەڭ تېز، نۇرغۇن ئەڭ نوچى تىپتىكى ماشىنىلار بىردەك ياۋروپاغا سېتىلمايدۇ. نېمىشقا دېسىڭىز شىركەتلەرنىڭ بەرگەن جاۋابى ياۋروپالىقلار سېتىۋالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بازىرى جۇڭگودا. كىشلەرنىڭ بېرىدىغان جاۋابى بولسا مېنىڭچە ياۋروپادا سۈرئەت چەكلىمىسى ناھايىتى قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ. كېرەك قىلمايدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ پۇلنى بۇزۇپ-چېچىشنىڭ ئەھمىيتى نېمە؟ كېرەك بولمىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىستىمال بىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىمىزنىلا ئىسراپ قىلىپ قالماي، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ۋە مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى.

مۇكەممەللىزىم بىزنىڭ ئۆز مىللىتىمىزگە بولغان غورۇرىمىزنى چىرىتمەكتە، ئۆز-ئۆزىمىزگە بولغان ھۆرمىتىمىزنى سۇسلاشتۇرماقتا. كىشلەر ھازىر مىللەت بولسا ئۇنداق بولسا مۇنداق بولسا دېيىشىدۇ. مىللەتنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە پاھىشە، بىر نەچچە يانچۇقچى چىقىپ تېلېۋىزوردا كەڭ تەشۋىق قىلىنىش ئارقىلىق يۈزىمىز چۈشسە، تەشۋىق قىلغانلاردىن كۆرمەي مىللەتتىن كۆرۈشىدۇ. ئەسكى ئادەم چىققان مىللەتتىن تۇغۇلۇپ قالدىم دەپ ئۇيغۇر بولۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىشىدۇ. كۆڭلى كۆتۈرۈشمەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ گېپى بويىچە بولسا باشقىلار ئالدىدا ئۇيغۇر

ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتىن نومۇس قىلىشارمىش. باشقىلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن ئەنسىرەرمىش! سىپپى ئۆزىدىن پىسخىك ئاجىزلىق! باشقىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا، ۋاي دېيىشىگە ئېرىشىش شۇنچە مۇھىممۇ؟ نېمىشقا ئۆزىمىزگە چوقۇم باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ باھا بېرىمىز؟ ئۆزىمىزگە توغرا باھا بېرىپ ئاجىز بولغان ئىشەنچىمىزنى ئىززەت-ھۆرمىتىمىزنى ساقلىيالمايمىز؟ ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئەسكى ئادەملىرى بارغۇ؟ ھەتتا كىنولاردا ئەسكىلىكنى قاملاشتۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىۋەتكەنلەرنى كۆرۈشۈپ قول قويۇپ كېتىمىزغۇ؟ بىز كىچىكىمىزدىن بىر-بىرىمىزنى قىرغىن قىلىشقا كۆندۈرۈلۈپ كەلدۇق. خاتا بولغان مۇئارىپ كۆز قارىشى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈشنى ئۇلارنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ ئىشلەتتى. سىنىپتا ھەر مەۋسۇملۇك خۇلاسە يىغىنى ئېچىش، نەتىجىلەرنى ئېگىزدىن پەسكە قارىتىپ تىزىپ كەينىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا سەن ئۆگىنىشتە ناچار، سەن يارىماس دېگەن ئىدىيەنى سىڭدۈرۈش ئۇلارنى نابۇت قىلىش بولماي نېمە؟ ياخشى ئۆگىنەلمىگەنلىرى ئاشۇنداق بولۇپ تۈگىشىدۇ، ياخشى ئۆگەنگەنلىرى بولسا، باشقىلارنىڭ ماختىشىدىن ئايرىلىپ قالسا پۈتۈن ئالغا ئىلگىرلەش كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ھە ئۈمىدسىزلىكتىن ۋەيران بولىدۇ. مېھىر-مۇھەببەت، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ ئىشەنچ تىكلەشنىڭ ئورنىغا سىڭدۈرۈلگەن ناتوغرا ئەھمىيەتسىز رىقابەت تۈپەيلى بۇ پەرزەنتلەرنىڭ كىشىلىك ئادىمي قەدىر-قىممىتى خاتا تەرەققىي قىلىدۇ، چوڭ بولۇپ خىزمەت ئورنىغا چىققاندىمۇ ئۆگەنگەن خۇيى بويىچە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈشنىلا كۆزلەيدۇ. ھەتتا نۇرغۇنلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرۇشمايدۇ، بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىش، ئورا كولاش، غەيۋەت قىتىغۇرلۇق قىلىشنىڭ ئەدەپ كېتىش سەۋەبىمۇ موشۇ يەردە. بىزنىڭ پىسخىكىمىز شۇ قەدەر ئاجىزكى باشقىلارنىڭ ئىككى ئېغىز ماختىشىغا گول بولۇپ ئۆزىمىزگە بولغان كونترولىلىقىمىزنى يوقىتىپ باشقىلار نېمە قىل دېسە شۇنى قىلدىغان يەرگە كېلىمىز. مانا بۇ پەرق!

ئەسەر مەنبەسى: بىلىك تورى

# «بىزدىكى قەھرىمانلىق تۇيغۇسى ۋە مۇكەممەللىك تونۇشىدا» ھەققىدىكى قاراشلىرىم

**(ئەسلى ئەسەرگە قارىتا يېزىلغان بۇ ئىنكاسنى ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى سالمىقى تۈپەيلىدىن بىر ئايرىم تېما سۈپىتىدە يوللاپ قويۇشنى توغرا تاپتۇق. – مەرىپەت تورى)**

**ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئەتراپلىق تەھلىلىدىن، ۋە ئارىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىدىن مەمنۇن بولدۇم، ئەمما «ماركا چاپلاش» خاراكتېرلىك يېزىش ئۇسلۇبى، يەنى ماقالىنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدىغان «بىز»، «بىز ئۇيغۇرلار» «ئۇيغۇرلار»، «...مىز، ...دۇق، بىز بولساق ...» دېگەندەك يېزىش ئۇسلۇبى مېنىڭچە ئوقۇرمەنلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەجبۇرى توغرا چۈشىنىشىگە ئېرىشەلىسمۇ، لېكىن كۆپىنچە ئوقۇرمەنلەرنى «ئوقۇش ئادىتى» دىن بەزدۈرىدۇ، ياكى راھەتسىز قىلىدۇ. نەچچە ئون مىليون نوپۇسلۇق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەممىسىنىڭ قىممەت قارىشىنى، مىجەز خۇلقىنى ۋە ئىنسانىي قىممەتلىرىنى بىر تاياقتا ھەيدىگەن بولىمىز، ئۇلارنىڭ ياشاش شەرتلىرى، مەسىلىگە مۇئامىلە قىلىش پىرىنسىپلىرىنىڭ خىلمۇ – خىللىقىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولۇپ قالىمىز. مەن ئاپتورنىڭ تۆۋەندىكى ئابزاستا يازغانلىرىغىمۇ قوشۇلالمايمەن. ئاپتور شۇنداق يازىدۇ:**

**«راست گەپنى قىلسام بىزدە قەھرىمان بولماق ناھايىتى تەس، بىزنىڭ ئارىمىزدا قەھرىمان چىقىشى ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ھېچكىم قىلالمىغان ئىشلارنى قىلالىشى، خەلقى ئالەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرالىشى، ئۇيغۇر تۇرۇپ چەت ئەللەردە ھېچبولمىغاندا ئىچكىرىلەردە ئىشلىيەلىشى، تۆرلۈك نام-ئاتاقلارغا مەسلەن نوبېل مۇكاپاتى دېگەندەك، ئېرىشكەن بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقىمىكىن ھازىر ئۇيغۇرلاردىن زادى كىمگە قول قويىسەن؟ ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن چىققان سەن**

چىن كۆڭلۈڭدىن قايىل بولغان كىم بار دەپ سورىسا نەچچىنى دەپ بېرەلمەيدۇ، هازىر بۇ تېخىمۇ تەسلىشىۋاتىدۇ، نېمىشقا دېسەڭلار چەت ئەلگە چىقىشمۇ كىشلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغىلىۋاتىدۇ.. يەنە 10 يىلدىن كېيىن مېنىڭچە چەت ئەلدە ئىشلەپتۇ دېسە هەممەيلەن ۋاي ئادەتتىكى ئىشقۇ دەيدۇ دە ئېرەن قىلمايدىغان بولىدۇ... ئۇ چاغدا بەلكىم ئاي شارىغا چىقساق بولامدىكىن تاڭ...»

ماقالىنىڭ ئىككىنچى ئابزاسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەمدى مەندىن سورىسىڭىز "نېمىشقا ئۇيغۇرلاردىن قەهرىمان چىقىشنى شۇنچە خالاپ قالدىڭىز؟" دېسىڭىز، مېنىڭ جاۋابىم شۇكى بىز بىر خىل قەهرىمانغا چوقۇنىدىغان مىللەت.»

بىزدە قەهرىمان بولماق تەس ئەمەس، ئەمما قەهرىمان بولۇشقا تىرىشىدىغانلار يېتەرلىك بولماسلىقى، ياكى تېرىشچانلىقىمىز يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ قەهرىمانلارغا ئۇ قەدەر يۇقىرى تەلەپ قويىدىغانلىقىغىمۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قەهرىمانغا چوقۇنىدىغان ئەنئەنىگە ساهىپ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىۋېلىشىمۇ ئانچە ئاقىلانىلىك ئەمەس. هەركىمنى قەهرىمانغا چوقىنىدۇ دېيەلمەيمىز، ئەمما قەهرىمانلارغا چوقۇنىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ سانىنى ئىگەللىشى مۇمكىن. ئەمما خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قەهرىمانلارغا، بىلىملىك ئىنسانلارغا، ئادەمدەك ياشاشنىڭ يولىدا تەۋرەنمەي ياشىيالىغانلارغا هۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئەنئەنىگە ساهىپ خەلقىمىز، هۆرمەتكە لايىق ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى هاڭ-تاڭ قالدۇرۇشنى كۈتكەن، ياكى نام - ئاتاققا ئېرىشكەن بولۇشنى ئۈمىد قىلغان ئەمەس. بۇنداق «تاماخورلۇق» مىجەزىنى مىللىتىمىزگە ماركا قىلىپ چاپلاش، يەنىلا ئاقىلانىلىك ئەمەس.

ئارىمىزدا قەهرىمانلىق خىسلىتىگە ساهىپ نۇرغۇن كىشلەر، يەنى، ئۆز كەسپىدە نەتىجە قازانغان ئالىملار، هۈنەرۋەن ياكى باشقا هەرتۈرلۈك كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان «قەهرىمان» غا لايىق كىشلەر باردۇر. ۋە بۇنداق كىشلەر مەۋجۇتلىقى هىس قىلىنغان دائىرە ئىچىدە بىرەر «قەهرىمان» سۈپىتىدە ئىنسانلىرىمىز تەرىپىدىن هۆرمەتكە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىرسىنىڭ قەهرىمان بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەهرىمان دەپ ئېلان قىلىنىشىغا، پۈتۈن ئەل ئارىسىدا تەشۋىق قىلىنىشىغا ئېهتىياج بولمىغان بولۇشى، بەلكى ئۇ قەهرىمان ئۆزى بىلىنگەن دائىرە

ئىچىدىلا قەھرىمان سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بىز بىرەر پاكىتىمىز يوق تۇرۇپ ئارىمىزدا قەھرىمان بار ياكى يوق دېيەلمەيمىز، ۋە خەلقىمىزنى قەھرىمان يارىتىش بابىدا سوراققا تارتالمايمىز. بەلكى ھۆرمەتلىك ئاپتۇرىمىز سىزمۇ ئۆزىڭىز تونۇلغان دائىرىدە بىر قەھرىمان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئەمما مەن سىزنى تونىمىغان ئەھۋال ئاستىدا سىزگە قەھرىمانلىق مۇئامىلىسىدە بولۇشۇمنى تەلەپ قىلىش بىر ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟

تارىختا ھېچ بىر قەھرىمان ئۆزىنى ئۆز قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى بىلەن نامايەن قىلماي تۇرۇپ خەلق ئارىسىدا تونۇلۇپ كەتكەن، ياكى خەلقى تەرىپىدىن قەھرىمان قىلىپ يارىتىلغان ئەمەس، پەقەت ئۆزىنى، ئۆز قەھرىمانلىقىنى يارىتالىغانلارلا خەلقى ئارىسىدا قەھرىمان بولۇپ تونۇلغان. شۇنداقتىمۇ ئاخبارات ۋە تەشۋىقات تۆرتكىسىدە يارىتىلغان «ساختا قەھرىمان» لارنىمۇ يوق دېيەلمەيمىز، ھەتتا بىزنىڭ ئۆتكەن بىر - ئىككى يۈز يىللىق تارىخىمىزدىن ھازىرغا قەدەر سوزۇلغان مەۋجۇتلۇقىمىز ئىچىدىمۇ بۇنداق «ساختا قەھرىمان» لار تولۇپ تېشىپ تۇرغان بولۇشى، بىز پەرق ئېتەلمەي ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئاچچىق ساۋاقلاردىن مەلۇم دەرىجىدە تەجرىبىگە ئېرىشكەن خەلقىمىز بەلكى قەھرىمانلارغا گۇمان بىلەن قاراپ، ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولۇشى، ۋە بۇ خىل ئەھۋال ئاپتۇرنى بۇنداق بىر باھانى بېرىشكە قىستاپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

خەلقنىڭ بىرەرسىگە قول قويۇش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنداق بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا تاشلاشنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقانىلىق دەپ قارايمەن. چۈنكى سىزگە قول قويغان كىشى سىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى، نىمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، قانداق نەتىجىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان ياكى چىقىرالايدىغانلىقىڭىزنى مەلۇم دەرىجىدە باھالاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىزنى بۇ دەرىجىدە بىلەلمىگەن بىرسى سىزگە قول قويسا سىز ئەخمەق قىلىندىم دەپ ئويلىيالمىسىڭىز بۇنىڭ ئۆزى بىر ئەلەمدۇر. خەلقىمىزنىڭ ياكى بىرەر شەخسنىڭ سىزگە قول قويۇشى ئەمەلىيەتتە سىز شۇغۇللىنىۋاتقان ساھەدىكىلەرنىڭ سىزگە قول قويۇشى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، ۋە گۇمان تۇغدۇرمايدىغان بىر قول قويۇشتۇر. شۇغۇللىنىۋاتقان ساھەدە نەتىجىلەر قازىنىپ، ئۇلارنىڭ قول قويۇشىغا ئېرىشكەن بولسىڭىز، ياكى ئۇ ساھەدىكىلەرگە نىسبەتەن بىرەر قەھرىمانىغا ئايلانغان بولسىڭىز، بۇ

تولىمۇ سۆيۈنۈشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. ئەمما سىز بۇنىڭ بىلەن خەلقىمنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمانىغا ئايلاندىم ياكى خەلقىم قول قويغۇدەك بىرسىگە ئايلاندىم دېيەلمەيسىز، چۈنكى، خەلقنىڭ سىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭىزدىن خەۋىرى يوق، ھەتتا سىزنى تونىماي قويىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا خەلقىمىزگە ئۇنداق يۇقىرى تەلەپنى قويۇپ، ئۆزىنى بىرەر قەھرىمان سۈپىتىدە تونۇشنى ئۈمىد قىلىش ۋە ئاخىرىدا خەلقتىن ئاغرىنىش ناھايىتى چوڭ ھاماقەتلىك بولماسمۇ؟ ئۆزىڭىز شۇغۇللىنىۋاتقان ساھەدە سىز شۇ ساھەدىكىلەر قول قويغان بىرى بولسىڭىز ئۇنداقتا سىز خەلقنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمانغا ئايلىنىش ياكى خەلقنىڭ قول قويغان ئادىمىگە ئايلىنىشىڭىز ئۈچۈن، سىزنىڭ چەتئەلگە چىقىشىڭىزنىڭمۇ، ئىچكىرىگە كېرىشىڭىزنىڭمۇ ۋە ھەتتا ئايغا چىقىشىڭىزنىڭمۇ ھاجىتى يوق. قىلىدىغان بىر ئىشىڭىز بار، يەنى قازانغان نەتىجىلىرىڭىزدىن چۈشىنەلەيدىغان دائىرىدە خەلقنى خەۋەردار قىلىشتۇر. بۇنىڭ تېپىك مىساللىرى سۈپىتىدە، ئەركىن سىدىق ئەپەندى، خالمۇرات غوپۇر، ئىسمىنى تىلغا ئېلىشقا باشلىساق ئۆزىمىزنى توختىتىۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە سان-ساناقسىز تۆھپىكارلار ۋە ھەتتا (تونىغان بولساق) سىزنىمۇ كۆرسىتەلىشىمىز مۇمكىن. بۇ كىشىلەرنىڭ خىزمەت ساھەسىكى كونكرېت نەتىجىلىرىدىن خەلقىمىز بىخەۋەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇلارنىڭ نىمە ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى، قانداقراق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىن ئۇلار ئۆزلىرى تەسىر كۆرسىتەلىگەن دائىرىدىكى كىشىلەر خەۋاردار بولغان بولۇشى ۋە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ۋە شەكىلدە كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مېنىڭ ياشىنىپ قالغان ئانام ۋە دادام ئۇلارنى تونىمايدۇ، مېنىڭ ئاتا-ئانام قەلبىدە بەلكى مېنىڭكىچىلىك ئورنىمۇ يوق بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ خەلق بۇلارغا قول قويمايدۇ دېيەلەمسىز؟ ياشىنىپ قالغان، ۋە بۇ ئالىملارنىڭ بىرەر ساھەدىكى نەتىجىلىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان بۇ كىشىلەردىن بۇلارغا قول قويۇشنى تەلەپ قىلىش مەنتىقىگىمۇ، ئىنسانلىقىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. سىز خەلق قەلبىدە قەھرىمان سۈپىتىدە تونۇلۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىڭىزنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىش-ئىزلىرىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى تونۇتىشىڭىز، قايىللىققا ئېرىشىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ نوقتىدا مەن ناھايىتى ئىچىنىش ئىچىدە ئىككى ھەپتە ئىلگىرى سۆھبەتتە بولغان، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىدا چوڭ بولغان بىر ئاكىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسى، بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان

تۇيغۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى توغرا تاپتىم. بۇ ئاكىمىز ھازىرغا قەدەر 10 غا يېقىن كىتاپ يازغان ئىكەن، كىتاپلىرىنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بەزى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرىۋېتىلگەن ئىكەن. بۇنىڭغا مەن بەكمۇ ئېچىندىم. ئەمما مېنى تېخىمۇ ئېچىندۇرغىنى، بۇ ئاكىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى بولدى، يەنى كىتابىنى كۆيدۈرگەن تەشكىلاتلىرىدىن باشلاپ ئاخىرىدا پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە قەدەر تۇتاشقان بىر ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى. مەن بىر ئۇيغۇر، بۇ ئادەمنى ھېچ بىر زامان كۆرۈپ باقمىغان، بەلكى مېنىڭ سەۋەنلىكىمدۇر، بۇ ئادەمنىڭ بىرەر كىتابىنى ئوقۇپمۇ باقمىغان، ۋە ھاياتىمدا تۇنجى ئۇچراشقان ۋاقتتىن ئېتىبارەن بۇ ئادەم بىلەن پەقەت ئۈچ قېتىم ئۇچراشتىم ۋە ئۈچىلا قېتىمدا مەن ئۇنىڭغا ئازراق بولسىمۇ مەلۇم بىر خۇسۇستا ياردەم قىلدىم، شۇنداقتىمۇ بۇ ئادەم مېنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۇيغۇرغا نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن قارايدۇ، ئەمما يەنە شۇ ئۇيغۇر ئوقۇسۇن دەپ كىتاپ يازىدۇ. ھەم ھەيران قالدىم ھەم ئېچىندىم. بۇ ئادەمنى كىم بۇ ھالەتكە ئەكىلىپ قويدى؟ مەنمۇ، سىزمۇ، ...؟

مەندىكى جاۋاپ ئېنىقكى خەلقى نەزىرىدە بىر قەھرىمان سۈپىتىدە تونۇلماق. ئەمما خەلقىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ھەتتا بۇ ئاكىمىزنى تونىمايدۇ، يازغان كىتابلىرىدىنمۇ بىخەۋەر.

« بىزدىكى قەھرىمانلىق تۇيغۇسى ۋە مۇكەممەللىك توغرىسىدا» ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان، ۋە مېنىڭ بۇ ئىنكاسىمدا قەھرىمانلارنىڭ بىرەر ئۆلگىسى سۈپىدە تىلغا ئالغان، ئەركىن سىدىق، شۆھرەت مۇتەللىپ قاتارلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ياشلار ئارىسىدا چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىستىكى ۋە قىزغىنلىقى پەيدا قىلىشى ۋە مەلۇم جەھەتتە ئۈلارغا ئۆلگە بولۇشى، ئۇزۇن مەزگىللىك روھىي بۇرۇقتۇرمىچىلىق ئىچىدە ياشاپ، سىرتقى دۇنيادىكى يېڭىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ۋە ئۆزىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق كۆزىتىش ۋە تونۇش قەدىمىنىڭ بىر باسقۇچى ياكى ئېھتىياجى دەپ قارايمەن. كۆزىتىشىمچە، چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق ئۇچۇرلار بىلەن قولدىن كېلىشىچە تەمىنلەشكە تىرىشىۋاتقان ئەركىن سىدىق ئەپەندى، چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارغا ئاۋۋال ئۆزلىرىنى دەڭسىۋېلىش تەكلىپىنىمۇ بېرىدۇ. چەتئەلدە ئوقۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلسىڭىز، بۇ ئۇچۇرلارنىڭ

ئارىسىدا ئۆزىنى ئوبدان دەڭسەپ باقمىغان كىشىلەرنى بۇ يولغا شەرت-شارائىتسىز ۋە تەييارلىقسىز مېڭىشنىڭ خەتەرلىك ۋە نەتىجىسىز بولىدىغانلىقىنى رۇشەن ئىپادىلەپ تۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان تەلەپ ۋە تۈزۈم بار.

« بىزدىكى قەھرىمانلىق تۇيغۇسى ۋە مۇكەممەلچىلىك توغرىسىدا» ماقالىسىنىڭ ئاپتورى تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك، ئۆزىنىڭ كۆڭۈللۈك خىزمىتىنى تاشلاپ، ھېچقانداق بىر ئوقۇش، ئىلگىرىلەش ئىستىكىدىن مۇستەسنا، پەقەت شېرىن خىيال، خەتەرسىز ھايات، چۈش كەبىي پارلاق كىلەچەك ئۈچۈن ئەزىز ۋەتەنىدىن ئايرىلغان، «ياۋرۇپا چۈشى» دىن ئويغىنىپ بولالمىغان نۇرغۇن كىشلەر، ئايرىلىپ كەتكەن ئۆتمۈشنى قايتىدىن خىيال قىلىپ ياشاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرىكىدىن ياخشى ياشاۋاتقانلارمۇ بەلكى ئاز ئەمەستۇر. تەكشۈرۈپ باقمىغاچقا كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئەمما بۇلار پەقەت ۋە پەقەت بىلىم جەھەتتىكى شارائىتلىرىنىلا ھازىرلىيالىغان، ۋە بىر ئامال قىلىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغان، ئەزىز يۇرتىمىزدىن تولىمۇ ئۇزاق بىر بۇلۇڭدىكى ئوقۇش يۇرتىغا ئاران كىلىۋالغان، ئىقتىسادى جەھەتتىن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مەلۇم دەرىجىدە مۇھتاج بولۇۋاتقان، باشقىلارنى بۇ جەھەتتە «ئاۋارە» قىلىۋاتقان قەھرىمانلىرىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ۋە ئەسلا بۇ ئىككى تۈردىكى ئىستەكنى بىر بىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، خالىغانچە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

ۋاپاسىز پەرزەنت مەسلىسىگە كەلسەك، بەلكى ئاتا – ئانىلىرىمىزنى، ئەزىز يۇرتىمىزنى، نېمە مەقسەتتە بولسا بولسۇن، تاشلاپ چىقىپ كەتكەن، ئۇلارنى سىغىنغان ۋە سىغىندۇرغان، پەقەت تېلفۇن ۋە ئىنتېرنېت بىلەنلا سالام-سېغىنىشلىرىمىزنى يەتكۈزۈپ، بىر-بىرىمىزنى ھىدلاشتىن مەھرۇم قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىمىز ئاتا – ئانىمىزنىڭ يېنىدا ئۇلارنى قاقشىتىپ، يىغلىتىپ ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىنمۇ بەكرەك ۋاپاسىزدۇرمىز. «ئەمما» كەلىمىسى بىلەن ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا ھەممىمىز مەلۇم دەرىجىدە ئۇرۇنۇپ بېقىشىمىز مۇمكىن. ئەمما نىمە قىلساق قىلايلى، ئاتا-ئانىمىزنى، ئەزىز ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ ئۇزاقلارغا كەتتۇق، ئۇلارنى سېغىندۇردۇق، سېغىندۇق. بۇ قەدەر ئېغىر ۋاپاسىزلىقنى قىلغان ئىكەنمىز، بۇنىڭ بىر ئەھمىيىتى، نەتىجىسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئاتا-ئانىمىزدىن، ئەزىز تۇپراقلىرىمىزدىن پارچە-پۇرات ئىستەكلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ئايرىلغان بولساق، بۇ بىر ۋاپاسىزلىقتۇر، نانقىپىلىقتۇر. قەلبىمىزدە ئۆزگىنى كۆرۈش، ئۆزىمىزنى تونۇش، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە

ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى، ئەھمىيەتلىك بىر ھاياتنى ياشىشىغا تۈرتكە بولالىغۇدەك بىر ئىستەك بىلەن ئايرىلىغان بولساق، بۇ ئاخىرىدا ئاتا-ئانىمىزغا، ۋەتەنگە قىلغان ۋاپاسىزلىقنىڭ ئورنىنى مەلۇم دەرىجىدە تولدۇرۇشى مۇمكىن. (ئەسلى تېمىدىن بىر ئاز ئۇزاقلاشتۇق بەلكىم)

ئاپتۇرنىڭ دېگىنىدەك، چەتئەلگە چىققانلارنىڭ ئەزىز، ئاتا-ئانىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشۋاتقانلارنىڭ، ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئەستايىدىل ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن سانىلىدىغانلىقى مەسىلىسىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىك بار دەپ قارايمەن. مەن بىلىدىغان كۆپ قىسىم ئۇيغۇر خەلقى مەسىلىگە بۇنداق بىر تەرەپلىمە مۇئامىلە قىلمايدۇ، مەيلى چەتئەلگە چىققانلار بولسۇن، مەيلى ئائىلىسى بىلەن قالغانلار بولسۇن، پەقەت ئۆزىنى ئادەمدەك ياشاشقا بېغىشلىيالىغانلا بولسا، خەلقىمىز ئۇلارنى ھەر زامان ئەزىزلىشى مۇمكىن. ئەمما پەرقلىق قارايدىغانلارنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. چەتكە قاققىلى بولمىغىنىدەك، ئۇلارنى ھەممىگە ۋەكىل قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئاپتۇرنىڭ ماقالىسىدا قوللىنىلغان «مۇكەممەللىزىم» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا مەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياساش ۋە ئىشلىتىش قائىدىسىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن دەپ قارىغان «مۇكەممەلچىلىك» سۆزىنى ئىشلىتىشنى توغرا تاپتىم، بەلكىم ئاپتۇرمۇ بۇ سۆز ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ باققان بولۇشى مۇمكىن. مۇكەممەلچىلىك تۇيغۇسى ئاپتۇر تىلغا ئالغاندەك، ئىنساننى غەلىبىدىن ئۇزاقلاشتۇرالايدىغان بىر خىل تۇيغۇ. ئاپتۇرنىڭ بۇ جەھەتتىكى بەزى تەھلىللىرى ۋە تىلغا ئالغان مىساللار ھەققەتەن ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. كىشىلىكىمىزنىڭ يېتىلىش مەزگىلىدە بوش قالغان رۇھىيىتىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى، تەلىم-تەربىيە جەھەتتىكى بەزى نامۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە سەلبىي تەسىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ھايات يولىمىزدا خاتا يۆنىلىشتە پىكىر قىلىشقا، ئۆزىمىزگە ئادىل مۇئامىلە قىلالماسلىققا، ئاخىرىدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان خىرە چۈشەنچىلەرگە يول ئاچىدۇ. ئاپتۇرنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىلىرىنى ۋە مىساللىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيمەن، ئەمما بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يازغۇچىلارنى سەپەرۋەرلىككە چاقىرىشى ۋە چاقىرغانلىقىمۇ، سۆكۈش خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يېزىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى تەلەپ قىلىشى، ئانچە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. يازغۇچىلار مەن ئىسمىنى بىلگەندىن بېرى سۆكتى-سۆكتى، ئەمما

جەمئىيىتىمىزدىكى ھېچقانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا تۆرتكى بولالىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بۇ تۆردىكى ئەسەرلەردىن زىيالىلارمۇ، خىياللارمۇ زېرىكتى، قارىماس بولدى. بىزنىڭ ئىنسانلىرىمىزغا يېڭىچە كۆز قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈشكە تۆرتكە بولالايدىغان، ئىلمىي پاكىتلارغا تايانغان ئاساستا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يۈزلەنگەن ئىلمىي ئەمگەكلەر كېرەك.

يېقىنقى تۆت - بەش يىللار مابەينىدە تورلاردا ئېلان قىلىنغان، كۈچلۈك مۇنازىرىلەر قوزغىغان ۋە ئالقىشلار بىلەن قارشىلىنىپ ئوقۇلغان ئەسەرلەرگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئەڭ كۆپ ئوقۇلۇشقا ئېرىشكەن ماقالىلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئىلمىي ئۇسۇلدا يېزىلغان، كىشىلەرنى باشقىلار توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى توغرىسىدا ئويلىنىشقا تۆرتكە بولىدىغان ئەسەرلەر بولدى. ئوقۇش داۋامىدا مەسخىرە ياكى ئاچچىق تۈيغۇلارغا چۈمدۈرگەن ماقالىلار ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالالىغان ياكى يېڭىلىق بىلەن تەمىنلەپ بېرەلىگەن ماقالىلار ئەڭ كۆپ ئوقۇلدى. ئەلۋەتتە كىشىلىكىمىزنىڭ يېتىلىشى ناھايىتى كىچىك ياشلاردىن باشلانسىمۇ، لېكىن، مەلۇم چۈشەنچە سىستېمىسى سۈپىتىدە پۈتۈن پائالىيىتىمىزنى كونترول قىلىدىغان كىشىلىكىمىز ياكى ئۆزلۈكىمىز، تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمدەك ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تۆرتكىسىدە ئۆزگىرىشى ياكى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەپتىن مەن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ياكى يازغۇچىلىقتىن دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئۆزى قىلالايدىغان باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى، ياكى ئەگەر مىللىتىمىز توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىش نىيىتى بولسا، ئىچى بوش، داۋراڭ سىلىش خاراكتېرىدىكى پۈچەك ئەسەرلەرگە زېھنىنى ئىسراپ قىلماستىن، يازماقچى بولغان تېمىغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلەپ ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، خەلقىمىز ئۈچۈن يېڭى ھېسابلىنىدىغان، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان، جەمئىيەتكە بىلىم بىلەن ماياك بولالىغۇدەك ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئۈمىد ۋە ئارزۇ قىلىمەن.